# ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن، ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى خوشنىسىنى ئېكرام قىلسۇن، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى مېھمىنىغا ئىززەت قىلسۇن».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئاللاھغا ۋە ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايى بولغان ئاخىرەت كۈنىگە، ئۇ كۈندە ئەمىلىگە يارىشا بېرىلىدىغان جازا-مۇكاپاتقا ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئىمانى تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى: بىرىنچى: چىرايلىق سۆز: تەسبىھ، تەھلىل، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلار، بۇنداق قىلالمىغان كىشى تىلىنى ساقلاپ، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىپ سۈكۈت قىلىشى لازىم. ئىككىنچى: خوشنىغا ئېكرام قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك. ئۈچىنچى: زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مېھماننى چىرايلىق سۆز ۋە ئېسىل تائاملار بىلەن ياخشى كۈتۈۋېلىش قاتارلىقلار.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee